غاز، توشقان باقمىچىلىقى باش رول ئوينىدى كۆڭلەر بارغانسېرى غەيرەتكە تولدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«مەن دەسلەپتە 100 توشقان باقتىم، بۇلتۇر يىل ئاخىرىغىچە جەمئىي يەتتە تۈركۈمدە 1020 بۆجەننى قەپەستىن چىقىرىپ سېتىپ، 12 مىڭ 100 يۈەن پۇل تاپتىم» دېدى ئابدۇخېلىل. شۇ يىلى نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئۇ، نەسىللىك توشقان باقمىچىلىقى كىچىك ئەترىتى قۇرۇپ، باقمىچىلىق تەجرىبىسىنى ئۆگىتىپ، 27 نامرات ئائىلىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

شىنجاڭ زاۋتۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ مەسئۇلى ۋاڭ يۆ مۇنۇلارنى تونۇشتۇردى: بۇزاق يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ گۆش توشقىنى باقمىچىلىقى تۈرىگە قاتنىشىشقا تىزىملىتىش ئاكتىپچانلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولدى، كارخانىنىڭ 2 ـ قارارلىق توشقان قەپىسى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇ يىل يەنە 200دىن ئارتۇق ئىش ئورنىنى كۆپەيتىشنى پىلانلىدۇق. «ھازىر، كارخانا قەپەستە بېقىۋاتقان نەسىللىك توشقان 160 مىڭدىن ئاشتى، پۈتۈن يىلدا نەسىللىك توشقان باقمىچىلىقى كۆلىمىنى 200 نەچچە مىڭغا، قەپەستىن چىقىرىپ سېتىلىدىغان تاۋار توشقانىنى 8 مىليوندىن كۆپرەككە يەتكۈزۈپ، 2000دىن ئارتۇق ئائىلىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىمىز».

توشقان بېقىشتىن باشقا، غاز بېقىشمۇ گۇما ناھىيەسىدىكى نامرات ئاممىنىڭ يانچۇقىنى تومپايتتى.

6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، گۇما ناھىيەسى كۆكتېرەك يېزىسى بەلقۇم كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى شاتۇر سادىر ناشتا قىلىپ بولۇپلا، كەنتتىكى غاز مەركەزلەشتۈرۈپ بېقىش نۇقتىسىغا بېرىپ، غازلارغا سۇ، يەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ چوڭىيىش ئەھۋالىنى كۆزەتتى.

«يەرلىرىمنى شىركەتكە ئىجارىگە بەردىم، ئۆيدىكى غازلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ بېقىۋاتىمىز، شىركەت يەنە پايدا تەقسىملەپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ھەر ئايدا 2000 يۈەن مائاشىم بار، بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشۇمدا چاتاق يوق.» شاتۇر ئۆزىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ھېساباتىنى ناھايىتى ئېنىق قىلدى.

كۆكتېرەك يېزىسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە مەسئۇل ياڭ يۈەن مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: غاز بېقىش ئارقىلىق، پۈتۈن يېزىدىكى 614 ئائىلىلىك ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ، كىشى بېشى كىرىمى 4000 يۈەنگە يېتىدۇ.

كەسىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى

خاس كەسىپلەر تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ «قان ئىشلەش» ئىقتىدارى ئاشۇرۇلۇپلا قالماي، يەنە باشلامچى كارخانىلارنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق كەسىپ زەنجىرى ئۇزارتىلىپ، دېھقانلارنى «دېھقانچىلىق كېيىمىنى سېلىۋېتىپ، ئىشچىلىق كېيىمىنى كىيىپ»، كەسىپ ئىشچىسىغا ئايلىنىپ، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

بۇزاق يېزىسى كەنتئېرىق كەنتىدىكى نامرات ئاھالە ئامانىنسا ناسىر ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۈچ بالىسىنى ئۆزى يالغۇز بېقىۋاتقان بولۇپ، تۇرمۇشى جاپالىق ئىدى. بۇ يىل ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى زاۋتۇ سويۇش ـ پىششىقلاش زاۋۇتىدا ئىشلىگەندىن كېيىن، تۇرمۇشى كۆپ ياخشىلاندى. «ئون مىنۇتتىلا زاۋۇتقا بارالايمەن، ھەر ئايلىق مائاشىم 4000 يۈەن.» ئامانىنسا ھازىرقى خىزمىتىدىن ناھايىتى رازى، «بۇ يىل مەن يەنە ھەمكارلىق كوپىراتىپىغا 100 توشقاننى ھاۋالىلىك باقتۇرۇۋاتىمەن، يىل ئاخىرىدا يەنە پايدا تەقسىملەپ بېرىدۇ».

«بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلىگەندىن كېيىن، تېخنىكا ئۆگىنىپلا قالماي، يەنە پۇل ئامانەت قويدۇم، قەرزىمنىمۇ قايتۇرۇۋالدىم.» گۇما ناھىيەسى كۆكتېرەك يېزىسىنىڭ توغراقتار كەنتىدىكى غاز چۈجىسى چىقىرىش-بېقىش بازىسىدا ئىشلەۋاتقان پاتىگۈل ئابدۇللا خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى سېخقا كېلىپ ئىشلىدىم، بىرنەچچە ئايدا، غاز بېقىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپلا قالماي، ھەر ئايدا يەنە 2000 يۈەندىن كۆپرەك مائاش ئالالايمەن.

كەسىپ تەرەققىياتىنىڭ تۈرتكىلىك ئۈنۈم ئېففېكتى ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. شىنجاڭ كۇنلۇن لۈيۈەن يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات(گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى فېڭ جيەنشىن مۇنداق تونۇشتۇردى: شىركىتىمىز كۆكتېرەك يېزىسىدا ئورماندا غاز بېقىش نۇقتىسى، غاز چۈجىسى چىقىرىش-بېقىش بازىسى، نەسىللىك غاز يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇپ، شۇ جايدىكى 2000دىن ئارتۇق نامرات ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

غاز كەسپىنى مىسالغا ئالساق، گۇما ناھىيەسى «كارخانا + بازا + دېھقان ئائىلىسى» ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، كۆپەيتىش، بېقىش، سېتىش ھەم غاز ماۋۇقى مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش بىر گەۋدە قىلىنغان كەسىپ تەرەققىيات سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى، غاز كەسىپ زەنجىرى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى.

يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، خوتەن ۋىلايىتى «كەسىپ ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق كەسىپنى ئىلگىرى سۈرۈش»نى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، كەسىپكە تايىنىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇۋا ياساپ سۇمۇرغ جەلپ قىلىپ، ئىچكىرى رايونلاردىكى كارخانىلارنى ماكانلىشىشقا جەلپ قىلدى، زور بىر تۈركۈم ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كارخانىلار بەس ـ بەستە ماكانلىشىپ، «ناھىيەدە باشلامچى كارخانا بولۇش، يېزا ـ بازارلاردا كۆلەملىك كارخانا بولۇش، كەنتلەردە كەنت قۇرغان كارخانا بولۇش، ئائىلىدە ھۈنەرخانا بولۇش»تەك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈردى، بارغانچە كۆپ دېھقان كەسىپ ئىشچىسىغا ئايلاندى.

تۇرمۇش تېخىمۇ گۈزەللەشتى

كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئاساسىنى پۇختىلاپ، بېيىش ئىشەنچىنى ئاشۇردى.

ئادىلە ئابلەت بىلەن ئېرى بۇزاق يېزىسىدىكى زاۋتۇ سويۇش ـ پىششىقلاش زاۋۇتىدا ئىشلەيدىغان بولۇپ، ئىككىسىنىڭ ئايلىق كىرىمى 8000 يۈەنگە يېتىدۇ، ئۇلار ئىككى بالىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئۆي خىزمەتچىسى تەكلىپ قىلدى.

«توكسكىلت مىنىپ ئون نەچچە مىنۇتتىلا زاۋۇتقا بارالايمىز، باللارغا قاراشقا ئۆي خىزمەتچىسى تەكلىپ قىلساق ھەم ئىشقا بېرىپ پۇل تېپىشىمىزغا تەسىر يەتمەيدۇ، ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ باللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا دەخلى يەتمەيدۇ.» ياش ئادىلە ئەر ـ خوتۇننىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈشى تولۇپ تاشقاندى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا كەسىپكە تايىنىش كېرەك، كەسىپ تەرەققىياتىدا خاسلىق بولۇشى كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خوتەن ۋىلايىتى كەسىپ تەرەققىياتىدا «كەشتە تىكىش» ماھارىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، نامراتلارنى يۆلەشتىكى زور بىر تۈركۈم باشلامچى، تايانچ كارخانىلارغا تايىنىپ، «100 مىڭ، 1 مىليون، 10 مىليون، 100 مىليون» دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك يېتەكچى كەسىپ توپىنى نۇقتىلىق بەرپا قىلىپ، «تېرىقچىلىققا ماس كەلسە تېرىقچىلىق قىلىش، باقمىچىلىققا ماس كەلسە باقمىچىلىق قىلىش» پرىنسىپى بويىچە، «باشلامچى كارخانا + ھەمكارلىق كوپىراتىپى + ئاساس ئائىلە + دېھقان ئائىلىسى» تىجارەت ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، دېھقانلارنىڭ ھازىر بار بولغان ھويلا ـ ئارانلىرىدىكى قوتان ـ كاتەكلەردىن پايدىلىنىپ توشقان، غاز، كەپتەر، قوي، ئېشەك قاتارلىق خاس باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى ۋە تۈرتكە بولدى.

خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى لى فۇخۇۋ مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: خاس تۈۋرۈك كەسىپلەر نۇقتا ھالەت، تارقاق ھالەتتىن بەلباغسىمان، كاللەكسىمان ھالەتتە توپلىنىشقا يۈزلىنىپ، ئەۋزەللىكى بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش رايونىدىن ئەۋزەل ئىشلەپچىقىرىش رايونىغا مەركەزلەشتى، خوتەن ۋىلايىتى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە توشقان، غاز باقمىچىلىقىدىكى مۇھىم توپلانما رايونغا ئايلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش جەھەتتە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، بۇزاق يېزىسى كەنتئېرىق كەنتىدىكى نامرات ئاھالە تۇرسۇنتوختى يۈسۈپ ئۆيىدىكى توشقان قەپىسى ئەتراپىدا ئالدىراش ئىدى، مۇخبىرلار ئۇنىڭ توشقانلارنىڭ ھالىدىن كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئېلىپ، سۇ، يەم بېرىۋاتقانلىقى، مايىقلىرىنى تازىلاۋاتقانلىقىنى كۆردى.

«دەسلەپتە توشقان بېقىشنى ئانچە بىلمەيتتىم، توشقان قەپىسىمۇ ئۆلچەمسىز بولۇپ ياخشى باقالمىغاندىم. تېخنىكىنىڭ ياردىمىدە توشقانلار بارغانسېرى ياخشى چوڭىيىۋاتىدۇ.» بۇلتۇر 5 ـ ئايدا، تۇرسۇنتوختى توشقان بېقىشقا باشلىدى، شۇ يىلى 9 ـ ئايدا 1 ـ تۈركۈمدە توشقانلارنى قەپەستىن چىقىرىپ ساتقاندىن كېيىن، ھەر ئايدا كىرىمى بار بولدى، ھازىرغىچە 13 تۈركۈم توشقانىنى قەپەستىن چىقىرىپ سېتىپ، 20 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل تاپتى.

«بۇ يىل، مەن ئوغلۇمغا 1200 نەسىللىك توشقان باققۇزدۇم، بۇ توشقانلارنى ھەمكارلىق كوپىراتىپىغا ھاۋالىلىك باققۇزۇۋاتىمىز، ئوغلۇم ئۆگىنىش ئارقىلىق تېخنىكقا ئايلاندى. توشقان باقساق پايدا تەقسىملەپ بېرىدۇ، تېخنىك بولسا يەنە مائاشى بار.» توشقان بېقىش ئارقىلىق تۇرسۇنتوختى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بېيىش ئىشەنچى كۈچەيدى، ئۇلار ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش يولىدا بارغانسېرى تېز ماڭماقتا.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ قېتىمقى تەڭشەشتە قاپلىنىدىغان خادىملارنىڭ دائىرىسى: 2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن بۇرۇن بەلگىلىمە بويىچە پېنسىيەگە چىقىش رەسمىيىتىنى بېجىرگەن ھەم ئاي بويىچە ئاساسىي كۈتۈنۈش پۇلى ئېلىۋاتقان كارخانا ۋە ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىن پېنسىيەگە چىققانلار. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا پېنسىيەگە چىققان 1 مىليون 477 مىڭ كىشى مەنپەئەتلىنىدىكەن.

بۇ يىل پېنسىيەگە چىققانلارنىڭ ئاساسىي كۈتۈنۈش پۇلىنى تەڭشەپ ئۆستۈرۈشتە نورما بەلگىلەپ تەڭشەش، چېتىپ تەڭشەش، مۇۋاپىق مايىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت «ئۈچنى بىرلەشتۈرۈش»تىن ئىبارەت تەڭشەش چارىسى قوللىنىلىدۇ. نورما بەلگىلەپ تەڭشەش ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق سياستى بولۇپ، ئومۇمەن 2020 ـ يىللىق ئاساسىي كۈتۈنۈش پۇلى تەڭشەش دائىرىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان پېنسىيەگە چىققانلارغا، ھەربىر ئادەمگە ھەر ئايدا 55 يۈەن قوشۇپ بېرىلىدۇ؛ چېتىپ تەڭشەشتە پېنسىيەگە چىققانلارنىڭ ھەق تاپشۇرغان ۋاقتى، ئاساسىي كۈتۈنۈش پۇلى سەۋىيەسى بىلەن چېتىلدۇرۇلۇپ، «كۆپ تاپشۇرغانلار كۆپ ئېلىش» «ئۇزاق مۇددەت تاپشۇرغانلار كۆپ ئېرىشىش»تەك رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمى نامايان قىلىنىدۇ؛ مايىللاشتۇرۇپ تەڭشەش 70 ياش ھەمدە 70 ياشتىن ئاشقان چوڭ ياشتا پېنسىيەگە چىققانلار ۋە جاپالىق، چەت، يىراق رايونلاردىن پېنسىيەگە چىققانلار قاتارلىق كىشىلەر توپىغا مايىللاشتۇرۇلۇپ، ئىلگىرى جاپالىق، چەت، يىراق رايونلاردا خىزمەت قىلغان پېنسىيەگە چىققانلار، چوڭ ياشتا پېنسىيەگە چىققانلارغا نۇقتىلىق غەمخورلۇق قىلىش نامايان قىلىنىدۇ.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ، 2005 ـ يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كارخانىلاردىن پېنسىيەگە چىققانلارنىڭ ئاساسىي كۈتۈنۈش پۇلىنى ئۇدا 16 يىل تەڭشەپ ئۆستۈرۈشى، شۇنداقلا ئۇدا بەش يىل بىرتۇتاش لايىھەنى يولغا قويۇپ ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىن پېنسىيەگە چىققانلارنىڭ ئاساسىي كۈتۈنۈش پۇلىنى تەڭشەپ ئۆستۈرۈشى ھېسابلىنىدىكەن. تەلەپ بويىچە ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى تۇتۇپ، 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن بۇرۇن تەڭشەپ ئۆستۈرۈلگەن كۈتۈنۈش پۇلىنى پېنسىيەگە چىققانلارنىڭ قولىغا تارقىتىپ بېرىشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك ئىكەن.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۈگۈنكى كۈندىكى تۇرسۇنىسا ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايلا قالغانىدى. بۇ يىللاردىكى ئۆگىنىش ۋە خىزمەت تۇرسۇنىسانى ئوچۇق ـ يورۇق، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، قابىلىيەتلىك، تەجرىبىلىك قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «ھازىرقى مەن تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئۈمىدكە تولدۇم، بۇنىڭدا كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى ئۆگىنىش جەريانىغا رەھمەت ئېيتىمەن».

ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى ئىپادىسى كىشىلەرنى ئۇنىڭغا يېڭىچە نەزەردە قاراتتى

2019 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، 24 ياشلىق تۇرسۇنىسا خوتەن ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، نامراتلارنى يۆلەش كەسىپلەر باغچىسىدىكى بىر كارخانىدا خىزمەت قىلدى. تۇرسۇنىسا پۇتۇڭخۇانى راۋان سۆزلىيەلەيدىغانلىقى ۋە قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان تېخنىكىسىغا تايىنىپ ناھايىتى تېزلا كۆزگە كۆرۈندى. ئەڭ دەسلەپتە تىككۈچى بولدى، ئۈچ ئايدىن كېيىن گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ، ئۆز گۇرۇپپىسىدىكى ئەزالارنى تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكلەشكە ھەم تەييار مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولدى. يەنە ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، تۇرسۇنىسا سېخ مەسئۇللۇقىغا ئۆستۈرۈلۈپ، پۈتۈن سېخنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولدى.

بۇ يىل تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى كارخانىنىڭ تەرەققىياتىغا مىسلىسىز خىرىس ئېلىپ كەلدى. «3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا زاۋۇت ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە دۇچ كەلدى، زاۋۇت باشلىقى، تېخنىكا مەسئۇللىرىنىڭ ھەممىسى ئىچكىرى رايونلاردا ئىدى.» كارخانىنىڭ باش دىرېكتورى يۈ فېڭنىڭ مۇخبىرلارغا ئېيتىشىچە، ئەينى چاغدا پەقەت تۇرسۇنىسالا مۇشۇ يەردە بولۇپ، ئۇ تېلېفون ئارقىلىق تۇرسۇنىسا بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تەشكىللىشىنى ئۈمىد قىلغان. «ئەينى چاغدا بۇنچە كۆپ ئىشنى تۇرسۇنىساغا تاپشۇرغاندا، ئۇنىڭ تەجرىبىسىنىڭ كەمچىل بولۇشىدىن ئەنسىرەشمۇ قىلغانىدىم، لېكىن شۇ چاغدا باشقا ئامالمۇ يوق ئىدى».

يۈ فېڭ تۇرسۇنىسانىڭ كەنتمۇكەنت قاتراپ، ئىشچىلارغا ئىشقا چۈشۈشنى ئۇقتۇرۇشنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئىككى كۈندىلا ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولدى. بۇنىڭدىن يۈ فېڭ بەك خۇشال بولدى، تۇرسۇنىسانىڭ كېيىنكى ئىپادىلىرىدىن يۈ فېڭ ئۇنىڭغا يېڭىچە نەزەر بىلەن قارىدى.

«قىزچاق ۋېيشىندا سىن ئارقىلىق، تېخنىكلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى ئۆزى قول سېلىپ تەڭشەپ سىناپ، ئوڭۇشلۇق ئىش باشلاشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى» دېدى يۈ فېڭ.

ئەمدىلا ئىش باشلىغان 20 نەچچە كۈندە، تۇرسۇنىسا ھەر كۈنى يۈ فېڭ بىلەن تېلېفونلىشىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئىشقا چىقىشقا تەشكىللەش، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قاتراپ ئىش باشلاشنى ماسلاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۈسكۈنىلەرنى تەڭشەش ـ سىناش، خىزمەتچىلەرنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇش... قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەسلىھەتلىشىپ ناھايىتى جايىدا قىلدى. يۈ فېڭ قايتىپ كەلگەندە، زاۋۇتنىڭ تەرتىپلىك باشقۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا تۇرسۇنىساغا باش بارمىقىنى چىقاردى.

«پاتقاقلىق»قا پېتىپ قالغان كۈنلەر ناھايىتى قورقۇنچلۇق

«مەن ئۆزۈممۇ بۇلارنى قىلالايدىغانلىقىمنى ئويلاپ باقمىغانىدىم.» تۇرسۇنىسا بۇرۇنقى ئۆزىنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «ئەسلەشنى خالىمايمەن! ئەگەر تەربىيەلەش مەركىزىدە ئوقۇمىغان بولسام، مەن يەنىلا ‹پاتقاقلىق›قا پېتىپ تۇرۇۋېرىشىم مۇمكىن ئىدى، بەكلا قورقۇنچلۇق!»

تۇرسۇنىسا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ دېھقانچىلىق قىلدى، ئادەتتە چىرايلىق ياسىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. بىر قېتىم تۇرسۇنىسا گىرىم قىلىپ، يېڭى كۆڭلىكىنى كىيىپ سىرتقا چىققاندا، قوشنىسىغا ئۇچراپ قالدى، قوشنىسى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئۇنىڭغا كايىپ مۇنداق دېدى: «قىز بالا بۇنداق كىيىنىپ يۈزىنى ئېچىپ يالاڭباش يۈرسە قانداق بولىدۇ!» ئەڭ دەسلەپ تۇرسۇنىسا قوشنىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئاچچىقى كەلدى ھەم ئۇۋالچىلىق ھېس قىلدى، لېكىن چوڭلارنى ھۆرمەتلەش نۇقتىسىدىن ئۇ رەددىيە بەرمىدى.

بۇنداق ئىشلارنىڭ قېتىم سانى بارغانسېرى كۆپەيدى، قوشنىسى ئۇنى كۆرسىلا، ئۇنىڭغا «قىز بالا سىرتقا چىققاندا نىقابلىق كىيىم كىيىشى كېرەك» «قىز بالا ئۆيدە ئولتۇرۇشى، سىرتقا چىقىپ خىزمەت قىلماسلىقى كېرەك» «قىز بالا مەكتەپتە ئوقۇسا بولمايدۇ»... دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى سىڭدۈردى. دەسلەپتە تۇرسۇنىسا بۇنى چەتكە قاقتى، لېكىن كۆپ ئاڭلاۋېرىپ، ئەتراپىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بۇ قاراشلارنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى بايقىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ قاراشنى قوبۇل قىلىشقا ھەم ئەمەلىي ھەرىكىتىدە كۆرسىتىشكە باشلىدى.

تۇرسۇنىسا ئاستا ـ ئاستا ئۆزىنى چىڭ ئوراپ، چىرايلىق كۆڭلەكلىرىنى قايتا كىيمەيدىغان بولدى، سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىش نىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، كۈنبويى ئۆيدە ئولتۇرىدىغان بولدى، گېپىمۇ بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى. باشقىلارنىڭ چىرايلىق كىيىم كىيگىنىنى كۆرسە، ئۇ ھەتتا ئالدىغا بېرىپ ئارىلىشىدىغان بولدى. ئانىسى ئۇنىڭ بارغانسېرى ئىچ مىجەز بولۇپ چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچى تىتىلداپ كەنت كادىرلىرىنى ئىزدەپ باردى. كەنت كادىرلىرى ۋە ئانىسىنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن، تۇرسۇنىسا خوتەن ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگەندى.

تەربىيەلەش مەركىزىدە، ئازادە، يورۇق سىنىپتا ئولتۇرۇپ، تۇرسۇنىسانىڭ كەيپىياتى ياخشىلاندى. مول دەرستىن سىرتقى تۇرمۇش، رەتلىك، پاكىز ياتاق، قانۇنىيەتلىك مەشغۇلاتتىن تۇرسۇنىسا بۇ يەرنى ناھايىتى تېزلا ياقتۇرۇپ قالدى. ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۇ ئاندىن ئۆزىنىڭ بىلىپ ـ بىلمەي ئەسەبىي ئىدىيە بىلەن يۇقۇملانغانلىقىنى، ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى.

«تەربىيەلەش مەركىزىگە بېرىپ تەربىيەلىنەلىدىم، مەن تەلەيلىك ئىكەنمەن.» بۇ يەردە، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى ئۆگىنىش، قانۇن بىلىملىرى ئۆگىنىشتىن باشقا، ئوقۇتقۇچىسى ئۇنى يەنە بىرەر ماھارەت ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇردى. تۇرسۇنىسا كىيىم پىششىقلاش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلىنىشكە تىزىملاتتى، كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى ئىشلىتىشتىن باشلاپ، پىچىش، تىكىش، پىششىقلاشنى بىر ـ بىرلەپ ئۆگەندى. بۇمۇ ئۇنىڭ كېيىن زاۋۇتتا ئىشلەپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە «ئۈچ قېتىملىق سەكرەش»نى ئىشقا ئاشۇرالىشىنىڭ سەۋەبى ئىدى.

خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا باشقۇرۇش بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگەندى

تۇرسۇنىسانىڭ ھەر كۈنلۈك خىزمىتى سېختا ئاقما لىنىيەدىكى تەييار مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئىدى. يىڭنە تۈز ماڭدىمۇ ـ يوق، يىپ ئۇچى بارمۇ ـ يوق، پىچىش ئۆلچەملىك بولدىمۇ ـ يوق... تۇرسۇنىسا سۈپەت باش ئۆتكىلىنى ئىگىلىگۈچى.

ئۇنىڭ بۇ بىرنەچچە ئايلىق خىزمەت تەجرىبىسىنى ئاڭلاپ، مۇخبىرلار ئۇنى «سىز بەك قابىلىيەتلىك ئىكەنسىز!» دەپ ماختىدى، تۇرسۇنىسا كۈلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «مەنمۇ ھازىرقى ئۆزۈمدىن بەك رازى».

تۇرسۇنىسانىڭ مۇخبىرلارغا ئېيتىشىچە: كارخانا مەسئۇلى ئۇنىڭغا بەك ئىشىنىدىكەن، پۈتۈن زاۋۇتنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى ئىگىلەش ۋەزىپىسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپلا قالماي، ئىشخانىدىكى تۈرلۈك ئىشلارنىمۇ ئۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تاماملاش ئۈچۈن، تۇرسۇنىسا ئىشخانا يۇمشاق دېتالىنى ئىشلىتىشنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپتۇ، ھەر ئايدا مائاش تارقىتىش، يوقلىما قىلىش، ھەر خىل جەدۋەل، مەلۇمات جەدۋەللىرىنىڭ ھەممىسىنى تۇرسۇنىسا ئىشلەيدىكەن. بۇلا ئەمەس، زاۋۇتتىكى مال تاپشۇرۇۋېلىش ـ تارقىتىشتىكى تۈرلۈك رەسمىيەت، تەرتىپلەرنىمۇ يۈ فېڭ تۇرسۇنىساغا ئۆگىتىپتۇ.

«يۈ باش دىرېكتور مېنى ياخشى ئىشلەڭ، كېيىن زاۋۇتنى سىزنىڭ باشقۇرۇشىڭىزغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن دېدى.» ئىلھاملاندۇرۇش ۋە قوللاش بولغاچقا، تۇرسۇنىسانىڭ ئىشەنچى تېخىمۇ تولۇپ تاشتى. «ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ئاساسەن ھەل قىلالايمەن، لېكىن زاۋۇتنى ئومۇميۈزلۈك باشقۇرۇشقا ئىقتىدارىم تېخى يېتەرلىك ئەمەس.» تۇرسۇنىسا مۇنداق دېدى: بۇ يىل يەنە كارخانا باشقۇرۇش دەرسلىكىگە تىزىملاتتىم، خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا داۋاملىق ئۆگىنىپ، تىرىشىپ بىر مۇنەۋۋەر باشقۇرغۇچى بولىمەن.

خىزمەت بارغانسېرى ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتقاندا، مۇھەببەتمۇ ئۇنىڭغا قول پۇلاڭلاتتى. بۇ يىل، تۇرسۇنىسا سۇغۇرتا شىركىتىدە ئىشلەيدىغان يىگىتى بىلەن توي قىلىشنى پىلانلىدى. «بىز بىرلىكتە تىرىشساق، تۇرمۇشىمىز چوقۇم تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ» دېدى تۇرسۇنىسا كۈلۈپ تۇرۇپ.